# دەريالار كەڭ زېمىندا ئۆركەشلەپ ئاقماقتا

## —— «بۈگۈنكى جۇڭگو» توغرىسىدا چاتما مۇلاھىزە (1)

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى خەن جيې، ليۇ خۇڭشيا، ليۇ سى، ليۇ جيې

ئامېرىكا تەرەپ يېقىنقى مەزگىلدە تاموژنا بېجى كالتىكىنى يەنە ئوينىتىپ، جۇڭگو - ئامېرىكا ئىقتىساد - سودا سۈركىلىشىنىڭ كۈچىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىر قىسىم ئامېرىكا سىياسەتۋازلىرى تەپتارتماي، ئەگەر سودا ئۇرۇشىمۇ جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى توسۇپ قالالمىسا، ئۇنداقتا يەنە نېمە توسۇپ قالالايدۇ؟ دېدى.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر جۇڭگو «زاۋاللىققا يۈزلەندى» دېگەن كونا مۇقامنى قايتا توۋلاۋاتقاندا، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ يارقىن ئىپادىسى بۇنىڭغا كۈچلۈك رەددىيە بەردى ——

بۇ يىلدىن بۇيان، ئامېرىكا تەرەپ سودا زومىگەرلىكى ۋە ئاخىرقى چەكتە بېسىم ئىشلىتىش قاتارلىق ۋاستىلەرنى كەينى - كەينىدىن قوللانغان بولسىمۇ، جۇڭگو ئىقتىسادى يەنىلا ئوتتۇرا ھال يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشنى ساقلىدى، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقى ساقلىنىپ، تۈرلۈك ئىشلار جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. بۈگۈنكى جۇڭگودا، قۇدرەتلىك ئىرادە، ئېلاستىكلىق ۋە ھاياتىي كۈچ نامايان بولدى.

خۇددى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان چاڭجياڭ دەرياسى سۈيىگە ئوخشاش، خادا تاشلار ۋە خەتەرلىك ساھىللار ئۇنىڭ ئۆركەشلەپ ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ قالالمايدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىق يېڭى پەللىسىدە تۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن جۇڭگو خەلقىنى يېتەكلەپ دولقۇن يېرىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تارىخىي مۇساپىسىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ.

### ■ چوڭ ئېقىن ئۆركەشلىدى، دولقۇنلار ئارقا - ئارقىدىن كۆتۈرۈلدى —— قىيىنچىلىق، خىرىسقا بىۋاسىتە يۈزلىنىش جۇڭگو ئىرادىسىنى نامايان قىلىش

«جۇڭگو ئىقتىسادى مۇقەررەر ھالدا قورۇق قول سودا قىلغۇچىلارغا نىسبەتەن قاباھەتلىك چۈش.» ئامېرىكا «فوربېس» قوش ھەپتىلىك ژۇرنىلى تور بېكىتىدە يېقىندا ئېلان قىلىنغان ماقالىدە مۇشۇنداق دېيىلدى.

بۇنداق خورسىنىشنىڭ ئاساسى يوق ئەمەس. بىر قىسىم ئامېرىكا سىياسەتۋازلىرى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودىن تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىشى بىر قىسىم كارخانىلارنىڭ جۇڭگودىن ئايرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ جار سالدى ھەم نۆۋەتتە ئامېرىكا ئىقتىسادى «ئىنتايىن قالتىس»، جۇڭگو ئىقتىسادى «ئانچە ياخشى ئەمەس» دەپ قاردى.

پاكىت، ئېھتىمال «غەلىبە» خام خىيالغا مەپتۇن بولغانلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويىدىغان بولدى ——

بۇ يىل 1 - پەسىلدە، جۇڭگو ئىقتىسادى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.4% ئاشتى، تاشقى پېرېۋوت زاپىسى قالدۇقى 3 تىرىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن يۇقىرى سەۋىيەنى ساقلىدى؛ ئالدىنقى تۆت ئايدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئاھالە ئىستېمال باھاسى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 2% ئاشتى، شەھەر - بازارلاردا 4 مىليون 590 مىڭ ئادەم يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتى… گەرچە ئايلىنىش ۋەزىيىتى «مۇقىملىق ئاساسىدا ئۆزگىرىۋاتقان» بولسىمۇ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئاساسىي يۈزلىنىشى يەنىلا مەزمۇت، پۇختا، مۇستەھكەم بولدى.

جۇڭگو نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلالىدى؟ ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلغاندا، قىسقا مەزگىللىك رەقەملەرگە قاراپلا قالماي، يەنە بۇلۇتنى يېرىپ قۇياشنى كۆرۈپ چوڭ ۋەزىيەتكە قاراش كېرەك.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، جۇڭگو ئىقتىساد گۇمران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان خەتەرلىك مۇھىتتا، غوزەك كېپىنەككە ئايلانغاندەك تەرەققىي قىلىپ دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلاندى: ئىقتىساد يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.5% ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ 2.9% ئەتراپىدىكى يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىدىن خېلىلا يۇقىرى بولدى؛ جەمئىي 740 مىليون نامرات ئادەمنى ئازايتىشتەك مۆجىزىنى ياراتتى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى تەخمىنەن 30% بولدى.

جۇڭگو - ئامېرىكا ئىقتىساد - سودا سۈركىلىشى يۈزبەرگەن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا 90 تىرىليون يۈەننى بۆسۈپ ئۆتۈپ، كىشى بېشى GDPسى 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېقىنلاشتى، تاشقى سودا ئېكسپورت - ئىمپورت ئومۇمىي قىممىتى 30 تىرىليون يۈەندىن ئېشىپ، تارىختىكى يېڭى پەللە ياراتتى؛ ئىستېمالنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى ئالتە ئۈلۈشتىن ئېشىپ، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشى يەنىلا مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلدى.

دۇنيا ئىقتىسادىنى تۇمان قاپلىغان ئارقا كۆرۈنۈشتە، شامالغا قارشى يۈكسەلگەن جۇڭگو ئىقتىسادى دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى.

يەر شارىۋى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش كۆزلىمىسىنى يەنە تۆۋەنلىتىشنىڭ ئەكسىچە، خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى (IMF) 2019 - يىلى جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش كۆزلىمىسىنى 6.2% تىن 6.3%كە ئۆستۈردى، جۇڭگو پۈتۈن يەر شارىدىكى بۇ يىللىق ئېشىش كۆزلىمىسى ئۆستۈرۈلگەن بىردىنبىر ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلاندى؛ پۈتۈن يەر شارىدىكى داڭلىق كۆرسەتكۈچ تۈزۈش شىركىتى مىشېلىڭ يېقىندا يەنە جۇڭگونىڭ A26 پىيىنى مىشېلىڭ جۇڭگو كۆرسەتكۈچىگە كىرگۈزگەنلىكىنى جاكارلىدى.

«دۇنيا جۇڭگوغا موھتاج، يەر شارىۋى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى جۇڭگونىڭ سىجىل تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ.» IMFنىڭ باش لىدىرى لاگاردى مۇشۇنداق باھا بەردى.

بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش»نى ياخشى تۇتۇشتىن ئىسلاھاتنى قەتئىي تەۋرەنمەي چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشكىچە، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتىن كۆپ مەنبەلىك بازارنى كېڭەيتىشكىچە جۇڭگو ئىقتىسادى قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، مۇقىم، ساغلام تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلىدى.

بۇ، دەل بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئىشەنچى.

دەريالار ئۆركەشلەپ ئېقىپ يېڭى يول ئاچتى.

تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو ئىقتىسادى تامامەن بوران - چاپقۇندا تەرەققىي قىلىپ زورىيالايدۇ. جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت ئاسماندىن چۈشكەن ئەمەس، باشقىلار بىزگە ئىلتىپات قىلىپ بەرگەنمۇ ئەمەس، ئۇنى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق جاپالىق ئەمگەكى، ئەقىل - پاراسىتى، جاسارىتىگە تايىنىپ ئىشلەش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن.

ئەمەلىيەت يەنە شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، بوران - چاپقۇندا ئۆسۈپ يېتىلگەن جۇڭگو ئىقتىسادى چوقۇم تۈرلۈك خىرىسلارغا بەرداشلىق بېرىپ، تاۋلىنىپ، يېڭى نۇر چاچالايدۇ.

بۇ، دەل بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ ئۆزگىرىش داۋامىدا باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلەش ئىرادىسى.

### ■ 3000 چاقىرىم سۇ ئۈزۈش ھېچ گەپ ئەمەس —— تېپنى ئۆزگەرتىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغىتىش جۇڭگو ئىشەنچىنى نامايان قىلىش

«بۈگۈن تارىخنىڭ تاللىشى، بىز ئىلگىرى بەرپا قىلغان بارلىق ‹زاپاس چاق›نىڭ ھەممىسى بىر كېچىدىلا ‹رەسمىي›لەشتى!» ئامېرىكىنىڭ مۇتەھەملىك بىلەن بېسىم قىلىشى ئالدىدا، 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سەھەردە، خۇاۋېي قەتئىي قورقماي «زاپاس چاق» ئۆزەكنى ئىشلىتىدىغانلىقىنى قەتئىي جاكارلىدى.

خۇاۋېي شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى، CEOسى، 75 ياشلىق رېن جېڭفېي نۇرغۇن تاراتقۇ ئالدىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: دۇنياغا قۇچاق ئېچىشتا دۇنياۋى يېڭىلىق يارىتىشقا تايىنىش كېرەك. مالىيەدە بەلگىلىك ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولساقمۇ، كارخانىنىڭ پەن تەتقىقات سېلىنمىسىغا تەسىر يەتكۈزمەيمىز.

خۇاۋېي جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىشىنىڭ ئىخچام كارتىنىسى.

ئوتتۇرا ئېقىننىڭ شىددەتلىك قاينىمىدا باتۇرلار جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە. خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشتا، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئىلگىرىلەيدىغان ئىشەنچى، شامالدا دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەيدىغان غەيرىتى بار.

بۇ ئىشەنچ ۋە غەيرەت يېڭى - كونا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئېنېرگىيەسىنىڭ تېز ئالمىشىشىدىن كەلگەن ——

جېجياڭ تەجرىبىخانىسى، شىخۇ داشۆ، ئالى داموو تەتقىقات يۇرتى… 2018 - يىلى جېجياڭ خاڭجۇدا تۈزۈلمىدە يېڭىلىق ياراتقان كۆپلىگەن پەن تەتقىقات ۋاستىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك قەد كۆتۈردى.

شۇ يىلى جېجياڭدا يېڭىدىن كۆپەيگەن يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا كارخانىسى 3187گە، پەن - تېخنىكا تىپىدىكى كىچىك، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانا 10 مىڭ 539غا يېتىپ، تەتقىق قىلىپ ئېچىش خىراجىتى چىقىمىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 2.52%كە يەتتى.

1000 چاقىرىم يىراقلىقتىكى لياۋنىڭ شېنياڭ. ئوخشاشلا 2018 - يىلى، شەرقىي شىمالدىكى بۇ كونا سانائەت مۇھىم بازىرىدا يېڭىدىن 72 ئۆلكە دەرىجىلىك نۇقتىلىق تەجرىبىخانا، قۇرۇلۇش تېخنىكىسى تەتقىقات مەركىزى، قۇرۇلۇش تەجرىبىخانىسى، قۇرۇلۇش تەتقىقات مەركىزى ۋە كارخانا تېخنىكا مەركىزى كۆپەيدى، پۈتۈن شەھەردىكى تۈرلۈك پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش سۇپىسى 1251گە يەتتى.

پۈتۈن مەملىكەتكە نەزەر سالساق، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات ئاساسىي لىنىيە قىلىنىپ، «مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش، ئاشۇرۇش، راۋانلاشتۇرۇش» تۇتقا قىلىنىپ، قەپەسنى بوشىتىپ قۇشنى ئالماشتۇرۇش، سۇمۇرغنى ئوتتا تاۋلاپ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتۈرۈشنىڭ يۈگمە رەسىمى تەدرىجىي يېيىلماقتا.

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى تۆت ئېيىدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەر، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەرنىڭ قوشۇلما قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى داۋاملىق كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ ئومۇمىي ئېشىش سۈرئىتىدىن يۇقىرى بولدى. ھالبۇكى بۇلتۇر پۈتۈن يىلدا، جۇڭگونىڭ رەقەملىك ئىقتىساد كۆلىمى 31 تىرىليون 300 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، GDPدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 34.8%كە يەتتى؛ جۇڭگونىڭ يېڭىلىق يارىتىش كۆرسەتكۈچىنىڭ پۈتۈن يەر شارىدىكى رەت تەرتىپى 17 - ئورۇنغا ئۆتتى.

بۇ ئىشەنچ ۋە غەيرەت ئۈزلۈكسىز كېڭىيىۋاتقان رايون تەرەققىياتى يېڭى بوشلۇقىدىن كەلگەن ——

5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ جياڭشىنىڭ نەنچاڭدا ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى.

ياسىمچىلىقنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، ئاچقۇچلۇق ساھەلەردە ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش، يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەرنىڭ ئورۇنلىشىشى ۋە يۆتكىلىشىنى پائال قوبۇل قىلىش، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، يېشىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇش، خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش، سىياسەت - تەدبىرلەر ۋە خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش … سەككىز نۇقتىلىق پىكىر ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە يۆنىلىش ۋە يول كۆرسىتىپ بەردى.

بۇ يىلدىن بۇيان، بېيجىڭ - تيەنجىن - خېبېينىڭ ماس تەرەققىياتى، چاڭجياڭ دەرياسى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتى، گۇاڭدۇڭ - شياڭگاڭ - ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشى، چاڭجياڭ دېلتىسىنىڭ بىر گەۋدىلەشكەن تەرەققىياتى، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار سىجىل ئالغا سىلجىتىلىپ، رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتى چوڭ ۋەزىيىتى تېز سۈرئەتتە شەكىللەندۈرۈلۈپ، تەرەققىيات يېڭى بوشلۇقى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلدى.

بۇ ئىشەنچ ۋە غەيرەت يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور دۆلەت ئىچى بازىرىدىن كەلگەن ——

سائىتىگە تەخمىنەن 750 كارخانا يېڭىدىن مەيدانغا كېلىدۇ، 1500دىن ئارتۇق ئىش ئورنى يارىتىلىدۇ، تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت قىممىتى 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشىدۇ، پۇقرالار مال سېتىۋېلىش ۋە يېمەك - ئىچمەك ئىستېمالى ئۈچۈن 4 مىليارد 300 مىليون يۈەن خىراجەت قىلىدۇ … بۈگۈنكى كۈندە، «بىر سائەتتىكى جۇڭگو»دىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سانلىق مەلۇماتلار چوڭ دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ ئاساسىنى نامايان قىلدى، بۇ جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ «ئۆزگىرىش داۋامىدا غەلىبە قىلىش»تىكى ھاياتىي كۈچى.

نۆۋەتتە، جۇڭگودا 1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن ئاھالە، 900 مىليونغا يېقىن ئەمگەك كۈچى، 800 مىليون تور ئەھلى، 100 مىليوندىن ئارتۇق بازار سۇبيېكتى بار … ھە دېگەندىلا «100 مىليون» ئارقىلىق ئۆلچەندىغان بازار بوشلۇقى، مىليونلىغان خەلقنىڭ يېڭىلىق يارىتىشى، ئىجاد قىلىشى چوڭ دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈردى، بۇ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ «ئۆزگىرىش داۋامىدا غەلىبە قىلىش» ئىشەنچى.

ھەربىر تامچە سۇغا ئۆركەشلەۋاتقان كۈچ يوشۇرۇنغان؛ ھەربىر ئارزۇ ئۇلۇغ دەۋرگە يۇغۇرۇلغان.

جۇڭگو ئىقتىسادى بىر كىچىك كۆلچەك ئەمەس، بەلكى بىپايان دېڭىز. بوران - چاپقۇن كىچىك كۆلچەكنى تاشتۇرۇۋېتەلەيدۇ، لېكىن دېڭىزنى تاشتۇرۇۋېتەلمەيدۇ. سان - ساناقسىز بوران - چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرگەن دېڭىز يەنىلا مەۋجۇت، جۇڭگو مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ!

### ■ يەلكەنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چەكسىز دېڭىزدا باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەش —— دەۋر ئېقىمىغا ئۇيغۇنلىشىش جۇڭگو كۈچىنى نامايان قىلىش

«بىز يەنە 600 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىپ، ۋۇخەندە يېڭىدىن بىر شېرىك زاۋۇت قۇرۇشنى پىلانلىدۇق، بۇ مەبلەغ تۈرىنى ناھايىتى تېز ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئىشەنچىمىز بار».

مۇشۇ ھەپتىدە ئاياغلاشقان 11 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئوتتۇرا قىسىم مەبلەغ سېلىش سودا كۆرگەزمىسىدە، ئەنگلىيە نېفىت شىركىتى (BP) ئاشكارىلىغان بۇ مەبلەغ سېلىش پىلانى نۇرغۇن چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭكى بىلەن بىر يەردىن چىقتى.

گەرچە سودا سۈركىلىشى تۇمانى ھەممە يەرنى قاپلىغان بولسىمۇ، لېكىن چەت ئەل سودىگەرلىرى بۇنىڭلىق بىلەن جۇڭگو بازىرىدىن ئايرىلمىدى. ئەكسىچە، ئۇلار شەرقتىن غەربكە قاراپ، ئېقىنغا قارشى ئىلگىرىلەپ، نەزىرىنى جۇڭگونىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىكى ئەنئەنىۋى دېڭىز بويى رايونلىرىدىن چاڭجياڭ دەرياسى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى ئېقىنىدىكى رايونلارغا قاراتتى.

بۇ نۆۋەتلىك كۆرگەزمىدە تاشقى مەبلەغدىن پايدىلانغان تۈردىن 51ى ئىمزالانغان بولۇپ، توختام سوممىسى 10 مىليارد 466 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش قىزغىنلىقى جۇڭگونىڭ تىجارەت - سودا مۇھىتىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى دەلىللەپلا قالماي، دۇنياغا جۇڭگو ئىقتىسادىدا ساقلانغان غايەت زور يوشۇرۇن كۈچ ۋە پۇرسەتنى تېخىمۇ ھېس قىلدۇردى.

بۈگۈنكى جۇڭگو ھېلىھەم تەرەققىياتنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، لېكىن دۇچ كېلىۋاتقان خەلقئارا ۋەزىيەت كۈنسېرى چىگىش - مۇرەككەپ بولۇۋاتىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، يەنىلا ئۆز ئىشىمىزنى ياخشى قىلىپ، ئاۋۋال پىلانلاپ ئالدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىمىز كېرەك.

جۇڭگو تۇرۇۋاتقان مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلى كەينىگە ياندۇرغىلى بولمايدىغان يەر شارىلىشىش چوڭ ئېقىمى بىلەن بىردەك.

ئۆتمۈشنى ئەسلىسەك، يەر شارىلىشىش باي - نامراتلىق پەرقىنى كىچىكلىتىشكە ياردەم بېرىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەرنى پۈتۈن يەر شارى رىقابىتى، ھەمكارلىقىغا قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈردى.

كەلگۈسىگە نەزەر سالساق، يەر شارىلىشىش يەنە ھەرقايسى دۆلەتلەرنى يەر شارىۋى بايلىقنى قايتا تەقسىملەشكە قاتنىشىشتا داۋاملىق تېخىمۇ ئادىل پۇرسەتكە ئىگە قىلىدۇ.

دەريا - دېڭىز ئېقىن تاللىمايدۇ، شۇڭا ئۇ چوڭقۇر. يەر شارىلىشىشنىڭ دەۋر ئېقىمىغا سىڭىپ، جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىسى بارغانسېرى كەڭ ئېچىۋېتىلىدۇ.

بازار ئىجازىتى كەڭ دائىرىدە قويۇۋېتىلدى، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش كۈچەيتىلدى، ئەركىن سودا سىناق رايونىنىڭ سىغىمى كېڭەيتىلدى، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىش قانۇنى چىقىرىلدى، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىشنىڭ پاسسىپ تىزىملىكى قىسقارتىلدى … بۇ ئەمەلىي ھەرىكەتلەر جۇڭگونىڭ دۇنياغا بەرگەن ئېچىۋېتىش ۋەدىسىنى نەقلەشتۈرۈش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش يولىدا مېڭىش ئىرادىسى ۋە ھەرىكىتىنى دەلىللىدى.

بۇ يىل 1 - ئايدىن 4 - ئايغىچە، جۇڭگودا يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 13 مىڭدىن ئاشتى، تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 4.3% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ياۋروپا ئىتتىپاقى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى قاتارلىقلارغا قارىتىلغان ئېكسپورتتا زور دەرىجىدە ئېشىش كۆرۈلدى.

2 - نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرىدە، جۇڭگو يەنە دۇنياغا بەش چوڭ ئېچىۋېتىش يېڭى تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سودا - سانائەت ساھەسىدىكى زاتلار بىلەن 64 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئارتۇق ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى، جۇڭگو بىلەن دۇنيانىڭ ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش «تورتى» بارغانسېرى چوڭ ياسىلىۋاتىدۇ.

جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئوخشاشلا ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشىدىن نەپ ئالغۇچى. ھالبۇكى، جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشى، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشقا تۈرتكە بولۇشى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغىنى شۇكى، ئامېرىكا تەرەپ ھە دېگەندە بىر تەرەپچىللىك، قورۇقچىلىق قىلىپ، تاموژنا بېجى كالتىكىنى خالىغانچە ئوينىتىپ، دۇنيا ئىقتىسادىغا بالايىئاپەت كەلتۈردى.

دۇنيا ئېقىمى ھەيۋەتلىك ئۆركەشلىمەكتە. تارىخىي چوڭ يۈزلىنىشكە زىت ئىش قىلىش، دەۋر ئېقىمىغا قارشى ھەرىكەت قىلىش ئاخىرىدا تارىخنىڭ ئىلگىرىلىشىدىكى ھەيۋەتلىك ئېقىن تەرىپىدىن شاللىۋېتىلىدۇ.

«پەقەت تارىخ ئېقىنىغا ئۇيغۇنلىشىپ، ئۆزگىرىشكە پائال ماسلىشىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزگىرىش ئۈستىدە ئىزدەنگەندىلا، ئاندىن دەۋر بىلەن تەڭ يۈرگىلى بولىدۇ.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى كىشىلەرنى ئويغاتتى.

ئېگىزدە تۇرغاندا ھەيۋەتلىك مەنزىرىلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئەزىم دەريا ھەيۋەت بىلەن ئاقىدۇ، كەينىگە يانمايدۇ.

تۈمەن چاقىرىملىق چاڭجياڭ دەرياسى چەكسىز تىنچ ئوكيانغا قاراپ ئۆركەشلەپ ئاقماقتا. ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان، ئۆزگە ئىشىنىدىغان، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزىدىغان جۇڭگو بوران - چاپقۇنلاردىن قورقماي جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، مۇقەررەر دۇنياغا تېخىمۇ چوڭ پۇرسەت ئېلىپ كېلىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسى يارىتىدۇ.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تېلېگراممىسى)

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بۈگۈنكى كۈندە، باقمىچىلىق مەيدانىدا كالا باققۇچى بولغان ئايگۈل ئايدا 3200 يۈەن مائاش ئالىدۇ، «يىراققا بارمايمۇ پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتىم».

ئايگۈل مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: ئېرىممۇ باقمىچىلىق مەيدانىدا خىزمەت قىلىدۇ، ئەر - خوتۇن ئىككىمىزنىڭ يىللىق كىرىمىمىز 100 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ، تۇرمۇشىمىزدا زور ئۆزگىرىش بولدى. بۇنداق «ئەر - خوتۇن ھەمراھلار» باقمىچىلىق مەيدانىدا خېلى كۆپ.

چۇاڭجىن چارۋىچىلىقىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى جاڭ پىڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: باقمىچىلىق مەيدانىدا قوتاندىكى ھەر خىل كالا 20 مىڭدىن ئاشىدۇ، ئىشلەمچىلەرگە بولغان ئېھتىياج ناھايىتى چوڭ. نۆۋەتتە، پۈتۈن باقمىچىلىق مەيدانىدا 475 ئىشچى بار، ھەممىسى مۇشۇ يەردىكى دېھقان - چارۋىچىلار، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 60%نى ئىگىلەيدۇ.

قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، باقمىچىلىق مەيدانى ئەتراپتىكى يېزا - كەنتلەردىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرنى ئامانلىق ساقلىغۇچى دېگەندەك بىر قىسىم يېنىك جىسمانىي ئەمگەك ئىش ئورنى بىلەن مەخسۇس تەمىنلىدى، «ئايدا نەچچە مىڭ يۈەن مائاشى بار، تۇرمۇشنى قامدىشىدا چاتاق يوق» دېدى جاڭ پىڭ.

ئۇنىڭدىن باشقا، باقمىچىلىق مەيدانى ھەر يىلى 150 مىڭ توننا سىلوسنى زاكازلىق سېتىۋېلىپ، ئەتراپتىكى يېزا - كەنتلەردىكى 440 نەچچە ئائىلىلىك دېھقاننىڭ سىلوس قونىقى قاتارلىقلارنى تېرىشىغا تۈرتكە بولدى، مۇشۇ بىر تۈردىلا ھەربىر دېھقان ئائىلىسىنىڭ يىللىق كىرىمى 5000 يۈەندىن ئاشتى؛ باقمىچىلىق مەيدانى ھەر يىلى يەنە ئەتراپتىكى يېزا - كەنتلەردىن 30 مىڭ توننا تاشلاندۇق شاخ - شۇمبا سېتىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن تېرىقچىلىق ئائىلىلىرىنىڭ ھەر مو يەردىن قىلىدىغان كىرىمى 150 يۈەن كۆپەيدى.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، چۇاڭجىن چارۋىچىلىقى 3476 مو باقمىچىلىق بازىسى بەرپا قىلغان، 127 باقمىچىلىق قوتىنى سالغان، يىلىغا 100 مىڭ تۇياق كالا سويىدىغان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىگە ئىگە بولۇپ، توڭلىتىلغان گۆش، سوغۇق ساقلانغان يېڭى گۆش قاتارلىق مەھسۇلاتلار بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق كۆپلىگەن ئۆلكە، شەھەرگە سېتىلىدىكەن، 2018 - يىلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 200 مىليون يۈەندىن ئېشىپتۇ.

«ھازىر كالىلارنى ياخشى بېقىپ، كۆپرەك پۇل تېپىپ، كۈنلىرىمنى تېخىمۇ ياخشى ئۆتكۈزۈشنى ئويلايمەن» دېدى ئايگۈل جۇمانالى گەپ ئارىلىقىدا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ھارۋىغا لىق بېسىلغان سىلوس «ئاشلىقى»نى كالىلار پاك - پاكىز يەپ بولغانىدى.